# ئىزچىل تۈردە پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە چەكلىمە ۋە نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەسئۇل بولۇش، مەسئۇلىيەتتە چىڭ تۇرۇش، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى ھەربىر پارتىيە تەشكىلاتى، ھەربىر ئىش ئورنىدا گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ھوقۇقنىڭ توغرا يولدا يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، تەدبىر بەلگىلەش ئىلمىي، ئىجرا قىلىش قەتئىي، نازارەتچىلىك كۈچلۈك بولغان ھوقۇق يۈرگۈزۈش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھوقۇقنى ئادىل ئىشلىتىش، ھوقۇقنى قانۇن بويىچە ئىشلىتىش، ھوقۇقنى پاك ئىشلىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: خەلقنى مەركەز قىلغان خىزمەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېسىل ئىستىل ئارقىلىق ئومۇميۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك. ئېنىق تۈزۈم يۆنىلىشى ئارقىلىق كادىرلارنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىدىغان پۇت ـ قولىنى شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنىڭ ئاسارىتىدىن، «سىرتمىقى»دىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش، راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل، پاك ـ دۇرۇس بولۇش يېڭى ئىستىلىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. مۇھىم، زور خىزمەت، مۇھىم، زور كۈرەشلەرنىڭ بىرىنچى سېپىدە كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ، كادىرلارنى تاۋلاپ چېنىقتۇرۇپ، ياخشى كادىرلارنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش، ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى مەركەزلىك ياخشى ھەل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش داۋامىدىكى شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق قاتارلىق مەسىلىلەرگە دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى، بولۇپمۇ نامرات ناھىيەلەرنىڭ قالپىقىنى تاشلاش ئەھۋالىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى «ئۇششاق چىرىكلىك»، قارا، رەزىل كۈچلەرنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدىغان، قانات ئاستىغا ئالىدىغان «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان «توسالغۇ»لارنى چوڭقۇر تۈزەپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «يولۋاس»نىمۇ، «چىۋىن»نىمۇ تەڭ يوقىتىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، نەپسىنى يىغماسلىق، قولنى تارتماسلىقتەك ئىنتىزامغا خىلاپ، قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بىز چىرىش ۋە چىرىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ كەسكىنلىكى، مۇرەككەپلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇشكۈللۈكىنى تونۇپ يېتىپ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، چىرىكلىكنى تۈزەش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى نەپسىنى يىغماسلىق، قولنى تارتماسلىققا قارىتا، پارتىيەنىڭ نەزەرىيە ۋە لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىشقا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىش، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇلىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزۈشتەك چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى جەزمەن قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىمىز، قاتتىق جازالىشىمىز كېرەك. تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئارقىسىدىكى چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت بايلىقى، دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يەرلىكنىڭ قەرز خەۋپ ـ خەتىرىگە يوشۇرۇنغان چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك. داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى قۇرۇلمىسىدىكى ھىيلە ئىشلىتىپ سۇغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش قىلمىشلىرىنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىشىمىز ۋە يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز كېرەك. چېگرا سىرتىدىكى دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز كېرەك. مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىرادىنى ساقلاپ، قىلچە يول قويماي، كونا مەسىلىلەرنىڭ قايتا يامرىشى، يېڭى مەسىلىلەرنىڭ بىخ سۈرۈشى، كىچىك مەسىلىلەرنىڭ زورىيىپ چوڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك «بىرىنچى قول»لارنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشتە ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، قەرەللىك ھالدا ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇش، ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش قاتارلىق تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالىدىن ياخشى پايدىلىنىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشى قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئاساسىي فاڭجېنى بولۇپلا قالماي، يەنە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر. چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇش بىر ـ بىرىگە بېقىنىدىغان، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، جەزمەن بىرتۇتاش پىلانلاپ بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئومۇمىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش كېرەك. قاتتىق بولغان ئىنتىزام ئىجرا قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىش ئارقىلىق تۈزۈم مەزمۇتلۇقىنى كۈچەيتىپ، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىدىغان تۈزۈم سىستېمىسى، قاتتىق ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەۋىلىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. ھەم «قاتتىق» بولۇشنىڭ ئاساسىي رىتىمىدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش، ھەم «ئۈچنى پەرقلەندۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ماھىر بولۇش كېرەك؛ ھەم خەلق رايى، خەلق ئىرادىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ھەم كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، «تۆت خىل ھالەت» تەمىنلىگەن سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى تولۇق قوللىنىپ، ساقلانما مىقدارنى ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىش ـ تۈگىتىش، ئېشىش مىقدارىنى نازارەت قىلىش ـ توسۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئارقىلىق سىياسىي ئۈنۈم، ئىنتىزام، قانۇن ئۈنۈمى، جەمئىيەت ئۈنۈمىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. داۋاملىق تۈردە تۈزۈمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، سىستېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىگە يۈكسەك ماسلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىغا سىڭدۈرۈپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. پارتكوم(پارتگۇرۇپپا)لار ئومۇميۈزلۈك نازارەت قىلىش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى مەخسۇس مەسئۇل بولۇپ نازارەت قىلىش، پارتىيە خىزمىتى تارماقلىرى فۇنكسىيەلىك نازارەت قىلىش، پارتىيەنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى كۈندىلىك نازارەت قىلىش، پارتىيە ئەزالىرى دېموكراتىك نازارەت قىلىش قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈش، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ يۇغۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئىچكى نازارەتچىلىكىنى يېتەكچى قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىكى، دېموكراتىك نازارەتچىلىك، مەمۇرىي نازارەتچىلىك، قانۇن يۈرگۈزۈش نازارەتچىلىكى، ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىكى، مالىيە ـ بوغالتىرلىق نازارەتچىلىكى، ئىستاتىستىكا نازارەتچىلىكى، ئاممىۋى نازارەتچىلىكى، ئاممىۋى پىكىر نازارەتچىلىكىنى ئورگانىك تۇتاشتۇرۇش، ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى پارتىيە ۋە دۆلەت نازارەتچىلىك سىستېمىسىدىكى رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: قاتتىق ـ ئېنىق ئىنتىزام ئارقىلىق تۈزۈمنى قوغداپ، ئىنتىزامنىڭ چەكلەش كۈچى ۋە تۈزۈم ئىجراسى كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك. تولۇق قاپلىغان تۈزۈم ئىجراسىنى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۈندىلىك نازارەت قىلىش ۋە مەخسۇس تۈردىكى تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. تۈزۈم ئىجراسى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ باھالاش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، كادىرلارنىڭ تۈزۈمگە قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، تۈزۈمدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ئىشلارنى پىلانلىشىغا، ئىش قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى ئۈنۈملۈك سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق تۈزۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەم ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش، ھوقۇقتىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىشتەك ۋەزىپىدە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش قىلمىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش، ھەم ھوقۇقنى ئىشلەتمەسلىك، ھوقۇقنى ئىشلىتىشتىن ۋاز كېچىشتەك ۋەزىپىدە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماسلىق قىلمىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش، ھەم بىۋاسىتە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش، ھەم مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى قوغداش، تۈزۈم ئىجراسىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى باشلامچىلىق بىلەن كۈچەيتىپ، پارتىيەگە مۇتلەق سادىق بولۇشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان بولغان، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، كۈرەش قىلىشقا ماھىر جەڭچىلەردىن بولۇشى كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نازارەت قىلىش، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش خىزمەت قائىدىسىنى تۈزۈپ، نازارەت قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتى بەلگىلىمىسىنى تەستىقلىشى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىغا تۈزۈم بېكىتىپ، قائىدە ئورنىتىپ بەرگەنلىكى بولۇپ، چوقۇم كەم ـ كوتىسىز جايىدا ئىجرا قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىغا بولغان رەھبەرلىك ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنىڭ نازارەتنى قوبۇل قىلىشىغا، چەكلىمە بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ئۆز ـ ئۆزىنى نازارەت قىلىش، ئۆزىنى چەكلەشنى كۈچەيتىشتە ئۈلگە بولۇپ، قانۇنچىللىق ئېڭى، تەرتىپ ئېڭى، دەلىل ـ ئىسپات ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھوقۇق چېكى، قائىدە، تەرتىپكە قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ قوشۇننى قۇدرەت تاپقۇزۇشى، كادىرلارنى قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان قىلىشى كېرەك.

جاۋ لېجى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى چوڭقۇر يەكۈنلىنىپ، پارتىيەمىزنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولى، ئۈنۈملۈك تۈزۈمى چوڭقۇر ئىزاھلىنىپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىشتا جەزمەن «نېمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە نېمىنى مۇستەھكەملەش، نېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە نېمىنى راۋاجلاندۇرۇش»تىن ئىبارەت مۇھىم، زور مەسىلىگە چوڭقۇر جاۋاب بېرىلىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. سۆزدە ۋەزىيەت ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەندى، پۈتۈن ۋەزىيەت بىرتۇتاش ئىگىلەندى، ئىدىيەسى چوڭقۇر، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول بولۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم، زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي، پۇختا بولۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەپ، «قاتتىق» بولۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي رىتىمنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇتلەق غەلىبىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى ئالاقىدار رەھبىرىي يولداشلار، دۆلەت كومىسسارلىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتىكى ئالاقىدار رەھبىرىي يولداشلار ھەمدە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى.

مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدىكى، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئارمىيەنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئۆتكۈزۈلدى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ھەمدە ئارمىيەدىكى ئالاقىدار ئورۇنلاردا شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن جاۋ لېجى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەيلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

# ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش تۈزۈمىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولايلى

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

تۈزۈم قۇرۇلۇشى تۈپ خاراكتېرگە، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرگە، مۇقىم خاراكتېرگە ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك خاراكتېرگە ئىگە، تۈزۈم ئەۋزەللىكى بىر پارتىيەنىڭ، بىر دۆلەتنىڭ ئەڭ زور ئەۋزەللىكى.

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە ئىشلىرىنىڭ يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتىنى كۆزلەپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، جەزمەن پارتىيەنىڭ ئىچكى تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈش كېرەك» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش تۈزۈمىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك» دەپ تەكىتلەپ، يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيەدىكىلەرنىڭ ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىشىغا سىجىل تۈرتكە بولۇشى ئۈچۈن مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى، تىرىشىش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بىزنىڭ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا مۇھىم، زور نەتىجىلەرنى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇتلەق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىزدىكى بىر مۇھىم سەۋەب —— يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيەنى تۈزۈم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى قائىدە ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ سىستېمىسى مۇكەممەل، ئىلمىي قېلىپلاشقان، يۈرۈشۈشى ئۈنۈملۈك بولغان تۈزۈم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى بىر يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرگەنلىكىدىن بولدى. بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىدە كۆزلىمە مەقسەتكە يېتىلدى، لېكىن ئاڭما تەربىيەنىڭ بىردەملىك شامال بولۇپ قېلىشى، يەر يۈزىدىلا نەمدىگەن يامغۇر بولۇپ قېلىشىدىن ئەڭ ئەندىشە قىلدۇ، دائىملىق ھالەتنى ساقلاپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈشنى ئەڭ ئارزۇ قىلدۇ. ئىشنى ياخشى باشلاپ، ياخشى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىشتا نەتىجە قازىنىشقا ماھىر بولۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى ھەقىقىي جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، پارتىيەنىڭ ئىچكى تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك.

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى قىلىپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي خىسلىتىنى قەتئىي بوشاشماي تاۋلاش كېرەك» دەپ تەكىتلەندى. قائىدە ـ تۈزۈم تۇرغۇزۇشتا، ھەم مەسىلىنى ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم ئاددىي، ئەپچىل بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي، ئەسقاتىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مەسىلىنىڭ ئەجەللىك يېرىگە دەل تەگكۈزۈش؛ ھەم نىشان يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەم مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئەمەلىيەت تەلىپىنى قاندۇرۇش، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش؛ ھەم يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى نىزام، تۈزۈملەر بىلەن يۇغۇرۇپ تۇتاشتۇرۇپ، چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىدە چىڭ تۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئورنىتىشقا تېگىشلىكلىرىنى ئورنىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. سىستېمىلىق تەپەككۇر، دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، يېتەكچىلىك، قاتىملىق، مەشغۇلاتچانلىقنى گەۋدىلەندۈرگەندىلا، ئاندىن ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش تۈزۈمىنى تېخىمۇ ئىلمىي، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلغىلى بولىدۇ.

تۈزۈم رىئايە قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. پۈتۈن پارتىيەدىكىلەر جەزمەن تۈزۈم ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزۈمگە ئاڭلىق ھۆرمەت قىلىپ، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تۈزۈمنى قەتئىي قوغداپ، نوپۇزلۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تۈزۈم ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشقا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش تۈزۈمىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، تاللاپ قىلىش، ئۆزگەرتىپ قىلىش، يېرىم ـ ياتا قىلىش ئەھۋاللىرىنى قەتئىي توسۇپ، قاتتىق چەكلىمىنىڭ «رېزىنكە بوغقۇچ»قا، «ئۇزاق ئۈنۈملۈك»نىڭ «ئۈنۈمسىز»لىككە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك. «يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە باشلامچىلىق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا توپلانغان بىر قىممەتلىك تەجرىبە، رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار بۇ تەجرىبىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، تۈزۈمگە رىئايە قىلىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى باشلامچىلىق بىلەن قوغداپ، تۈزۈم ئىجرا قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىقلار» ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق «مۇتلەق كۆپ سانلىقلار»نى يېتەكلىشى كېرەك.

تۈزۈمنىڭ ھاياتى كۈچى ئىجرا قىلىشتا. پارتىيەنىڭ ئىچكى تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش تۈزۈمىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولساقلا، بىز چوقۇم پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي چىقالايمىز.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)